# گۇناھ ئارتقۇسى كەلسە باھانە كەتمەيدۇ

## —— «جۇڭگو تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاش سەپسەتىسى»نىڭ جىمىقىدىغان ۋاقتى كەلدى

□جۇڭ شېڭ

«جۇڭگو تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاش»تىن ئىبارەت بۇ سەپسەتە ئامېرىكا تەرەپ جۇڭگو - ئامېرىكا ئىقتىساد - سودا كېڭىشىدە كۆتۈرۈپ چىققان چوڭ دەستەك، مۇناسىۋەتلىك زاتلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈدى، بىرسى توختىسا بىرسى چىقتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ سەپسەتە يېڭى ئەمەس، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا بېسىم قىلىش ئۈچۈن چىقارغان ۋاقتى ئۆتكەن سەپسەتە. بۇلتۇر 3 - ئايدا، ئامېرىكا تەرەپ ئېلان قىلغان ئاتالمىش «301 تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا مۇتتەھەملىك بىلەن جۇڭگو تەرەپ كارخانىلىرىغا «تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاش» قالپىقى كىيدۈرۈلدى. ئۇزاقتىن بۇيان، ئامېرىكا تەرەپتىكى بەزى كىشىلەر جۇڭگو تەرەپ كارخانىلىرىنى توختىماي كوتۇلداپ ئەيىبلەپ، ئېلىشىپ قالاي دېدى.

ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ؟ پاكىت بەرگەن جاۋاب بۇنى ئىنكار قىلدى!

خەلقئارا ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقىدا دۇنيا چوڭ بازار، سېلىنما بولسۇن، سودا بولسۇن، ھەممىسى بازار سۇبيېكتىنىڭ ئۆز ئالدىغا تاللىشى. ئەزەلدىن ئىنچىكە ھېسابات قىلىدىغان ئامېرىكىلىق سودىگەرلەر ئەزەلدىن زىيان تارتمايدۇ، ئۇلار زىيان تارتىدىغان سودىنى قىلمايدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، جۇڭگو بازارنى ئېچىۋەتتى، ئامېرىكا كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن چەت ئەل كارخانىسى پۇرسەتنى كۆرۈپ، بەس - بەستە جۇڭگوغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسپلەرنى گۈللەندۈردى. ئۇلارنىڭ جۇڭگو كارخانىلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان، ھەممىسى ئەڭ چوڭ مەنپەئەتنى كۆزلىگەن. ئامېرىكا شىركەتلىرى ئامېرىكىدا تۇرىدۇ، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكىسى ئامېرىكىنىڭ ئىشخانىلىرىدا ساقلىنىدۇ، كىم ئۇلارنى جۇڭگوغا كېلىشكە مەجبۇرلىيالايدۇ؟ كىم ئۇلارنى جۇڭگو كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشقا مەجبۇرلىيالايدۇ؟ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىدە بولىدۇ، تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيەسى قىلىپ چوڭ مېڭىنى ئاچقان تەقدىردىمۇ مەجبۇرىي ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىككى تەرەپ تېخنىكا جەھەتتە ھەمكارلاشسا، مۇقەررەر ھالدا ئىختىيارىي، ئۆز ئالدىغا بولىدۇ. پەن - تېخنىكا ئالدىدا ھەرقانداق مەجبۇرلاش كۈچكە ئىگە بولمايدۇ، قانداقمۇ «تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلىدى» دېگىلى بولسۇن؟!

بۇ خىل سەپسەتە جۇڭگونىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئاساسىي ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئامېرىكا تەرەپنىڭ «تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلاش» توغرىسىدىكى سەپسەتىسىنى قىلچە ئاساسى يوق ئويدۇرما دېيىشكە بولىدۇ. يالغان سۆز مىڭ قېتىم تەكرارلانسىمۇ ھامىنى يەنىلا يالغان. جۇڭگونىڭ جۇڭگو - چەت ئەل كارخانىلىرى ھەمكارلىقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىدە، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇرلايدىغان، تەلەپ قىلىدىغان سىياسەت ۋە ئۇسۇل توغرىسىدا ھېچقانداق ماددا يوق. جۇڭگو ۋە چەت ئەل كارخانىلىرى مەيلى تېخنىكا ھەمكارلىقى بولسۇن ياكى باشقا ئىقتىساد - سودا ھەمكارلىقى بولسۇن، پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىيلىق پرىنسىپى بويىچە يولغا قويۇلىدىغان توختام ھەرىكىتىنى ئاساس قىلىدۇ. دۇنيادا مۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ پايدا ئالسىلا بولىدۇ، يەنە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى باشقىلارغا دۆڭگەپ قويىدۇ، پايدا ئېلىپ تۇرۇپمۇ يەنە قاقباشلىق قىلىدۇ! جۇڭگو تەرەپ قايسىبىر ئامېرىكا كارخانىسىدىن «مەجبۇرىي تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىش»نى تەلەپ قىلغانلىقى توغرىسىدا ئامېرىكىدىن ئىسپات كۆرسىتىشنى ئىزچىل تەلەپ قىلدى، جۇڭگو تەرەپ چوقۇم قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ، ھازىرغىچە ئامېرىكا تەرەپمۇ ھېچقانداق پاكىت كۆرسىتەلمىدى. لېكىن، ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر پاكىتنى كۆرۈپ يېتەلمىدى، يەنىلا كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئۇ يەردە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ يۈردى. گەرچە يىغىندا ئامېرىكا سودا ۋەكىلى ئىشخانىسى ئۆتكۈزگەن تاموژنا بېجى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، جۇڭگودا شېرىكلەشكەن، شېرىكسىز كارخانا تەسىس قىلغان نۇرغۇن ئامېرىكا شىركىتىمۇ ئاشكارا ھالدا، ھەرقانداق تېخنىكىنى جۇڭگو كارخانىلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش تەلەپ قىلىنمىغانلىقىنى، شۇنداقلا بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ياكى تېخنىكىنى جۇڭگو كارخانىلىرىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكىمۇ مەجبۇرلانمىغانلىقىنى بىلدۈردى.

يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتساق، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا تېخنىكا ئۆتۈنۈپ بېرىشىدىن كىم نەپ ئالدى؟ مەھسۇلاتنىڭ ھاياتلىق دەۋرىيلىكى نەزەرىيەسى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق بىر خىل مەھسۇلات يېڭى تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى سەۋەبلىك گۈللىنىشتىن خارابلىشىشقىچە بولغان بىر ھاياتلىق دەۋرىيلىكىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. شۇڭا، كۆپلىگەن دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپتىن يېڭى تېخنىكا ئېچىپ، بىر تەرەپتىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە بىر قىسىم تېخنىكىسىنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ، كونا تېخنىكىدىن پايدىغا ئېرىشىش ۋاقتىنى ئۇزارتىش بىلەن بىللە، يېڭى تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئۈچۈن بوشلۇق ۋە مۇھىم ئامىل ھازىرلايدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى كارخانىلىرى تېخنىكا ھەمكارلىقى ئارقىلىق غايەت زور سوممىلىق پايدىغا ئېرىشتى، ئامېرىكىنىڭ جۇڭگودىكى مەبلەغ سالغان كارخانىلىرى ۋە مۇلازىمەت كەسپى ھەر يىلى ئېرىشىدىغان غايەت زور پايدىدىن ئېغىز ئاچماي تۇرايلى، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى ئىقتىساد ئانالىز ئىدارىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت 2016 - يىلىلا جۇڭگو ئامېرىكىغا تۆلىگەن بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى ئىشلىتىش ھەققى 7 مىليارد 960 مىليون دوللارغا يەتكەن.

بەلكى، بەزى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاجىز نېرۋىسىغا ھەققىي تەگكىنى، جۇڭگونىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئېشىۋاتقان تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئىقتىدارى ۋە كۈندىن - كۈنگە يېتىلىۋاتقان پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىدۇر. جۇڭگونىڭ ئالەم قاتنىشى قۇرۇلۇشى، بېيدوۋ پىلانى، چوڭقۇر دېڭىزنى تەكشۈرۈش، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول، دەرىجىدىن تاشقىرى ھېسابلاش ماشىنىسى، 5G تورى قاتارلىقلار دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ، دۇنيادا ئالقىشقا ئېرىشتى. ئامېرىكىدىكى بەزىلەر ئۆزىنى قالتىس ھېسابلاپ ئادەتلىنىپ قالغانلىقتىن، باشقىلارنىڭ ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىشىنى سىغدۇرالمايدۇ. بەزى ئامېرىكىلىقلار ئولتۇرالماي قېلىپ، بىر خىل قاراقچىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان لوگىكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مېنىڭكى مېنىڭ، سېنىڭكىمۇ مېنىڭ، دېدى. «سېنىڭ» قانداق قىلىپ «مېنىڭ» بولۇپ قالىدۇ، بۇ دەل «سېنىڭكى» «مېنىڭكى»نى مەجبۇرىي ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن كەلگەن. بۇ كىشىلەر چۈشىدە خۇلاسە چىقىرىپ، ئويغانغاندىن كېيىن بۇنى پاكىت دەپ قارىدى، يەنە خىجىل بولماي چوڭ گەپ قىلىپ، داۋراڭ سالدى، بۇ ھەقىقەتەن نومۇسنى بىلمىگەنلىك بولماي نېمە!

جۇڭگو ئەزەلدىن ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. 2000 - يىلدىن بۇيان، جۇڭگو پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش خىراجەت سېلىنمىسى يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20%لىك سۈرئەتتە ئاشتى، 2017 - يىلغا كەلگەندە، بۇ تۈردىكى سېلىنما ئامېرىكىدىن قالسىلا، پۈتۈن يەر شارىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇردى. خۇددى ئامېرىكىنىڭ سابىق مالىيە مىنىستىرى، داڭلىق ئىقتىسادشۇناس لاررى سامېرس ئېيتقاندەك: «سىز مەندىن جۇڭگونىڭ تېخنىكا تەرەققىياتى نەدىن كەلگەن دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ھۆكۈمەت ئۇل تېخنىكىغا سالغان غايەت زور مەبلەغدىن پايدىغا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر كارخانىچىلاردىن، قالتىسلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان مائارىپ تۈزۈمىدىن كەلگەن». جۇڭگونىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك، ئىجاد قىلىشقا ماھىر خەلققە تايىنىپ ئىشقا ئاشقان! بۇ پاكىتنى ئامېرىكىدىكى بەزى كىشىلەر كۆرۈپ تۇرۇپ قەستەن كۆرمەسكە سالدى، ئاڭلاپ تۇرۇپ ئاڭلىماسقا سالدى، ئۇلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، ئاڭلاش ئىقتىدارىدا مەسىلە يوق، بەلكى كاللىسى ۋە پسىخىكىسىدا مەسىلە بار، نەتىجىدە ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكى بىر خىل ئەقلىي كەمتۈك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يەكۈنلەپ چىقتى ھەم ئۇنىڭغا مەستخۇش بولۇپ، ئۆزىنى تارتالمىدى!

ئىلىم - پەننىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، پەن - تېخنىكا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشى كېرەك. ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەم مەۋقەنى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىش ھەم ئىشىكنى چوڭ ئېچىۋېتىپ، يېڭى تېخنىكا، يېڭى بىلىم تارقىتىشقا ئىلھام بېرىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن تېخىمۇ كۆپ كىشىنى نەپكە ئېرىشتۈرۈشى كېرەك. بۇ، پايدىسى ئىنسانىيەتكە، تۆھپىسى دۇنياغا بولىدىغان بۈيۈك ئىش!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 53 - قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

(بېشى 1- بەتتە)

يىغىندا دائىمىي كومىتېت 10 - يىغىنىنىڭ قارالما لايىھەسى ھەم ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى قاراپ چىقىلدى. مۇدىرلار يىغىنىنىڭ تەكلىپ قارالمىسىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 10 - يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئاپتونوم رايونىنىڭ يەرلىك نىزاملىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە چېتىلىدىغان مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تەڭشەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى(لايىھە)» قاراپ چىقىلىدۇ؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېزا - كەنت تازىلىقى نىزامى»، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ‹بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئارشاڭ شىنجاڭ شىمال سەمەندەرى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق 14 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ‹بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ تارىم توغراقلىقى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىنى باشقۇرۇش نىزامى›غا، ‹بايىنبۇلاق ئوتلىقىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى ئاسراش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى»، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەستىقلاشقا سۇنغان «باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ‹باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ سۇلۇق يەرنى قوغداش نىزامى›غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» تەكشۈرۈلىدۇ.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش توغرىسىدىكى لايىھەسى(لايىھە) ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى، 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايونىنىڭ شۇ دەرىجىلىك خامچوتنى تەڭشەش لايىھەسى تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىدۇ؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ يەسلى مائارىپى خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى ھەم ئاپتونوم رايونىنىڭ يەسلى مائارىپى خىزمىتى ئەھۋالى مەخسۇس تېما بويىچە سۈرۈشتۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ چېگرا باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قانۇنى» ھەم «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىستاتىستىكا باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش نىزامى»نىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتى قاتارلىقلار ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى؛ كادىرلارنى تەيىنلەش - قالدۇرۇش تەكلىپ لايىھەسى قاراپ چىقىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، دۇڭ شىنگۋاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، ھەرقايسى خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق رېۋىزىيە كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

(بېشى 1- بەتتە)

بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈزەش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم سۆزى ۋە يوليورۇقى، تەستىقنىڭ روھى، ھەمدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ «شەكلىۋازلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلىدۇ)نىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، شەھەرلىك پارتكوم بەنگۇڭتىڭى مۇدىرلىرى مەخسۇس تېمىلىق يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەركەز «ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ ھەم «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاساسىي قاتلامغا رىشتە باغلايدىغان، كادىرلارغا كۆيۈنىدىغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلدى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ چىڭ تۇتۇش قەتئىي ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن باغلاقنى بوشىتىپ يۈكنى يېنىكلىتىدىغان، كەڭ كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئەمەلىي ئىشلەش يۆنىلىشى تىكلەپ بەردى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، شەكلىۋازلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلامنى بەزى ئەھمىيەتسىز ئىشلاردىن خالاس قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شەكلىۋازلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، «ئىككى باشنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇش كېرەك، بىر باشتا ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى چوڭ بەنزىلەر ياخشى ئۈلگە بولۇشى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى كېرەك؛ يەنە بىر باشتا ناھىيە، يېزا ھەر دەرىجىلىكنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا چوڭقۇر ئىگىلەپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، يۈكىنى يېنىكلىتىشتىكى بارلىق تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شەكلىۋازلىقتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، كادىرلارغا باھا بېرىش، ئۇلارنى تەكشۈرۈپ باھالاش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، قېلىپلاشتۇرۇپ، كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كادىرلارنىڭ ئىش قىلىش - نەتىجە يارىتىش ئاكتىپلىقىنى ھەققىي قوغداش كېرەك. يىغىن ئىستىلى، يېزىقچىلىق ئىستىلىنى ھەققىي ياخشىلاپ، ئىخچاملاش نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈشكە يوللاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىخچاملاشنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ باھالاش زىيادە كۆپ، زىيادە تەكرار بولۇش، زىيادە ئىز قالدۇرۇش ھادىسىلىرىنى قەتئىي ئۆزگەرتىپ، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ باھالاش ئىش تۈرلىرىنى زور كۆلەمدە ئىخچاملاپ، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىققا تارتىش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنى يۈكىنى تاشلاپ، باشقىچە خىياللاردا بولماي خىزمەت قىلىدىغان قىلىش كېرەك. خىزمەت رىتىمىنى ئىگىلەپ، «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى»غا دائىر ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىپ، خەۋەر قىلىپ، قويۇق ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى جى جېڭ، سارقىت ئاقان يىغىنغا قاتناشتى.

# شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشنى چۆرىدەپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك

(بېشى 1- بەتتە)

شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى قارارى» قاراپ چىقىپ ماقۇللاندى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئەزالار ئىدىيەنى قوراللاندۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۈكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق بىلەن، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش نەتىجىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆزىگە ئىشىنىش، ئاڭلىق بولۇشنى ئۆگىنىپ چىقىشى، سادىقلىق، مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۆگىنىپ چىقىشى، سىياسىي كېڭەشچىلەرگە خاس روھنى ئۆگىنىپ چىقىشى كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر سىياسىي مەيدان، سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي پرىنسىپ، سىياسىي يولدا يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشنى چۆرىدەپ، ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش كېرەك. ئىجتىمائىي ئىناقلىق، مۇقىملىقنى قوغدايدىغان ئۇل خاراكتېرلىك خىزمەتنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەت، دىن سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئەلرايىنى قولغا كەلتۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى چىن كۆڭلىدىن پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەش كېرەك.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: بۇرچ - ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، شىنجاڭ سىياسىي كېڭىشىنىڭ يېڭى كەيپىياتىنى نامايان قىلىش كېرەك. سىياسىي كېڭەشنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىدا «قاتتىق بولۇپ»، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلىش ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا «جىددىي بولۇپ»، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن كۆپنىڭ ئەقىل - پاراستىنى مۇجەسسەملەش، بىرىكمە كۈچنى ئاشۇرۇش كېرەك. پىكىر - تەكلىپ بېرىش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتە «ھەرىكەتكە كېلىپ»، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىدا «كۈچىيىپ»، كۈچلۈك قابىلىيەتنى تاۋلاپ، دەۋر قەدىمىگە يېتىشىپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ ياخشى قاتناشقۇچىلىرى، ئەمەلىيەتچىلىرى، ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولۇش كېرەك.

يىغىندا كادىرلار ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلار ماقۇللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش توغرىسىدىكى مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيەسى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇتەللىپ ئوبۇل، ئىلھام سابىر، ما شيۇگۈيىڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.